# ئىستىقلال

1999 . يىل 5 - 6 - سان

DOĞU TÜRKİSTAN MİLLİ MERKEZİ YAYIN ORGANI

İSTİKLAL

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ ئورگان گېزىتى


## شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ ۋەكىللىرى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدە

### گېنېرال مەھمەت رىزا بەكىن قازاقىستان، قىرغىزىستانلاردا ئۇيغۇر جامائىتىنى زىيارەت قىلدى

بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ رەئىسى گېنېرال مەھمەت رىزا بەكىن، بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تارانچى، ۋەتەن فوندى كومىتېتىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن تارانچى قاتارلىقلار قازاقىستاننىڭ ئالماتا شەھرىگە كېلىپ، قازاقىستاندىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ جامائەتتىن ھال سورىدى.

گېنېرال مەھمەت رىزا بەكىن باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۈمىگى قىسقىغىنە 7 كۈن ئىچىدە جاپالىق ۋە ئۇزۇن يول يۈرۈپ، 14 قېتىملىق يىغىن، ئۇچرىشىش ۋە سۆھبەتكە قاتناشتى. ۋەكىللەر 25 - ئاپرېل ئەتىگەندە پىشقەدەم يازغۇچى، ئۇيغۇر ئاقساقالى زىيا سەمەدىنى يوقلاپ، ئۇنىڭدىن سەمىمى ھال سورىدى. چۈشتىن كېيىن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. قۇرۇلتايدا گېنېرال رىزا بەكىن مۇھىم سۆز قىلدى. ئەتىسى ۋەكىللەر ئالماتا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يىغىن زالىدا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە كەڭ خەلق بىلەن ئۇچرىشىپ، شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ ئومۇمى خىزمەتلىرىدىن دوكلاد بەردى شۇنىڭدەك ۋەتەن داۋاسىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم يۆنۈلۈشى ھەققىدە كەڭتاشا پىكىر ئالماشتۇردى. ۋەكىللەر 27 - ئاپرېل كۈنى قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھرىگە بېرىپ، ئۇيەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە جامائەتچىلىك بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلاردىن ھال - ئەھۋال سورىدى. گېنېرال مەھمەت رىزا بەكىن باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئەتىسى كۈنى ئالماتاغا قايتىپ كېلىپ، ئەتراپتىكى چىلەك، دۇرۇزبا قاتارلىق رايونلاردىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىگى بىلەن كۆرۈشتى.

ۋەكىللەر 30 - ئاپرېل كۈنى « نوزۇگۇم فوندى » تەشكىللىگەن سەنئەت پائالىيىتىگە قاتناشتى ھەمدە مۇلچەرلىگەن تەشۋىقات ۋەزىپىسىنى ۋە كەلگۈسى خىزمەت پىروگراممىلىرىنى ئورۇنلاپ غەلبىلىك قايتتى.

ئۆز مۇخبىرىمىز ئابدۇشۈكۈر خەۋىرى:



شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى يېتەكچىلىرى ئالمائاتادا يىغىندا

## شەرقىي تۈركىستان داۋاسى كلىنتوننىڭ قولىدا

6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى - دەل خىتاي تيەنئەنمىن قانلىق قىرغىنچىلىقىنىڭ 10 يىل تولغان كۈنى ، ۋاشىنگتوندىكى كونگرېس يېڭى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىيە سارىيىدا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خوشاللىنارلىق بىر ۋەقە بولدى.

ئامېرىكا پىرېزىدېنتى بىلل كلىنتون ، بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى - ئامېرىكىدىكى شەرقىي تۈركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزى باشلىقى ئەنۋەر يۈسۈپنى سەمىمى قوبۇل قىلدى ۋە ئەنۋەرنىڭ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆتمۈش تارىخى ۋە بۈگۈنكى ئېچىنىشلىق تەقدىرى ھەققىدىكى قىسقىچە دوكلادىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. كلىنتون ، ئەنۋەر سۇنغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماتېرىيال ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقىنى كۆرسىتىدىغان ۋىدېئو كاسېتىنى ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ ئالدى ھەمدە چوقۇم كۆرۈپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

## شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى ۋەكىللىرىنىڭ ئامېرىكادىكى زىيارىتى

### فلورىدادا يىغىن ۋە نامايىش

15- ۋە 16 - ماي كۈنلىرى ئامېرىكىنىڭ فلورىدا شتاتىنىڭ ئورلاندو شەھرىدە ئامېرىكىنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تەشۋىقاتىغا قارشى خەلقئەر تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى جىبك چۆچۇورد يېتەكچىلىگىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار تەشكىلاتىنىڭ غۇلامىدىن پاختا باشچىلىقىدىكى ۋەكىللىرى، تىبەت، موڭغۇل، تەيۋەن تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ ئىجرا كومىتېت رەئىسى ئابلىكىم باقى باشچىلىقىدىكى تۈركىيەدىن كەلگەن ۋەكىللەر ، ھۆر ئاسىيا رادىئو ستانسىسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمى باشلىقى دولقۇن قەمبىرى قاتارلىق مەتبۇئات خادىملىرى ۋە ئەركىن ئالپتېكىن، سىدىقھاجى روزى قاتارلىق سىياسيونلار قاتناشتى. يىغىندا ۋەكىللەر تەرىپىدىن ئىلمىي ماقالىلار ئوقۇلدى. ئامېرىكىلىق بىر تەتقىقاتچى 1973 - يىلى كىسىنگېرنىڭ ماۋ، جۇلار بىلەن قىلغان مەخپى سۆھبەت خاتىرىسىنىڭ كوپىيە نۇسخىسىنى ئاشكارىلاپ ئامېرىكا - خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىچكى پەردىسىنى ئېچىپ تاشلىدى. يىغىندا ئۇيغۇرلاردىن غۇلامىدىن پاختا ، ئەركىن ئالپتېكىن ۋە ئابلاجانلار ماقالىلىرىنى ئوقۇدى . يىغىندا كۆپ تەرەپلىمە مۇھاكىمىلەر بولدى.

16 - ماي كۈنى چۈشتىن كېيىن مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئورلاندودىكى خىتاي كوممۇنىستلىرى مەدەنىيەت مەركىزى رايونىدا ھەيۋەتلىك نامايىش ئۆتكۈزۈپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، موڭغۇلىيەلەردىكى ئىشغالىيىنىڭ توختۇتۇلىشىنى، ئىنسان ھەقلىرىنىڭ قوغدىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

(داۋامى 4 - بەتتە )

## خىتاي دېموكرات يازغۇچىسى تۈركىيەدە

تەيۋەن ئەركىن دەۋر گېزىتىنىڭ مەخسۇس ستون يازغۇچىسى، تىبەت داۋاسى ھەققىدىكى كىتابلىرى بىلەن داڭ چىقارغان خىتاي يازغۇچىسى گاۋ چاڭچىڭ ماي ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە تۈركىيەدە زىيارەتتە بولدى. زىيارەت داۋامىدا تۈركىيەدە تۈرلۈك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان يازغۇچى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشى ھەققىدە يازماقچى بولغان ماقالىسىنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ، شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ مەسئۇللىرى، ھەرقايسى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ماتېرىيال ئىگەللىدى.

## خىتاي دېموكراتچىلىرى تۈركىيەدە

ئامېرىكىدىكى خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى سىياسى ژورنال « بېيجىڭ باھارى » نىڭ مەسئولى ، خىتاي دېموكراتچىلىرىنىڭ ۋەكىلى شۆۋى ئەفەندى 1 - مايدىن 7 - مايغا قەدەر تۈركىيەدە زىيارەتتە بولدى. شۆۋى زىيارەت جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشۈپ ، ئۆز ئارا مۇنازىرە ۋە سۆھبەتلەردە بولدى. 6 - ماي كۈنى ئىككى تەرەپ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق داۋاسى مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا 6 ماددىلىق سۆھبەت خاتىرىسىنى ئېلان قىلدى.





ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر سەنئەتچىلەر ئويۇن كۆرسەتمەكتە.



ئويۇنغا 20 نەچچە پارلامېنتەرۋە مىڭغا يېقىن خەلق قاتناشتى.

## 80 ياشلىق ھېلىمخان ئانا يەر ۋە ئۆيىدىن ئايرىلىپ قالدى

ئالدىمدا كۆڭۈلنى بىر خەۋەر ۋە ئېچىنىشلىق 3 پارچە سۈرەت تۇرىدۇ. خەۋەرنى ئوقۇغانسىرى ۋە سۈرەتلەرگە سىنچىلاپ قارىغانسىرى ئاچچىقتىن ۋۇجۇدۇم تىترەپ، ئىچىم ئېچىشىشقا باشلىدى. گېزىت ـ شىنجاڭ گېزىتى، 1 ـ بەت، ۋاقىت 12 ـ ئاپرېل، قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى خې خەييۈن سېيەك يېزىسىغا بېرىپ، 80 ياشلىق ئىگە ـ چاقىسىز ھېلىمخان موماينى يوقلاپ: «سىز ياشىنىپ قاپسىز، ئەمدى يەر تېرىماڭ، ئاخىرقى ئۆمرىڭىزنى ياشانغانلار سانائورىيىسىدە ئۆتكۈزۈڭ» دەپتۇ. سۈرەتلەرنىڭ بىرىدە قاغجىراپ كەتكەن بىر پارچە ئېتىزدا غولاچ ئۇتاشقىدەك يوغان كەتمەندە داڭگال چوقۇۋاتقان 80 ياشلىق ھېلىمخان ئانام، يېنىدا ئېتىزنىڭ قىرىنى دەسسەپ، تىزىنى جەينەكلەپ تاماشا كۆرۈۋاتقان، توغرىسى يالالتما مۇخبىرى غەيرەت مەمتىمىنگە كۆرۈنۈش چىقىرىپ بېرىۋاتقان كويۇمچان شۇجى خې، يەنە بىر پارچە سۈرەتتە بولسا لاي پارچىلىرىدىن ياسالغان پاكار ئۆيىنىڭ ئەسكى ياغاچ ئىشىگىنى ئاچالمايۋاتقان ھېلىمخان ئانام، يېنىدا قولىنى كەينىگە قىلىپ، بىر پۇتىنى ئالدىغا چىقىرىپ كۆرەڭلەپ تۇرغان ھېلىقى ياش خىتاي شۇجىسى. قېشىدا ئىككى خالتا ئۇن.

ئەجابا، شۇ كومپارتىيە ئەگەر راستىنلا شۇنداق كويۇمچان بولسا، 150 مىڭ كىشىلىك نوپۇسى بار يوپۇرغىدا، % 96 لىك ئۇيغۇرلار ئىچىدىن بىرەر شۇجى سايلىماي، % 4 لىك نوپۇسقا ۋە كىلىلىك قىلىدىغان خىتايدىن (ئۇلارمۇ ئېچكى يېڭىلا كەلگەنلەر) شۇجى بەلگىلىگىنى قىزىق. دېمەك كىچىككىنە ـ يەرلىك خەلققە، ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىغا ئىشەنمەيدىكەن. دېموكراتىك سايلام دېگەنلىرى بولسا تېخىمۇ يالغان ئىكەن ـ دە. ئۇيغۇر دېھقان كوممۇنىست قېرىنداشلىرىمغا شۇنداق دېگىم كېلىدۇ: 40 ـ 50 يىل يالاقچىلىق قىلغانىڭ يۈز خاتىرىسىنىمۇ قىلماي، دېھقانلارنى قويدەك يوۋاش باشقۇرۇپ بەرگەنىڭ مۇكاپاتى قىلىپ، ھېچنىمىنى بىلمەيدىغان كىچىككىنە بىر خىتاي بالىسىنى باشلىق دەپ ئۇۋەتسە شۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ يۈرۈشنى نومۇس بىلمەمسىلەر. بىرپۇڭ پايدىسى يوق ئۇنداق پارتىيىدىن بىراقلا چىقىپ كەتسەڭلار، قۇرۇق گەپتىنمۇ قۇتۇلۇپ ئارام ئالسىلەر.

مۇھىم مەسىلە، 80 ياشلىق ھېلىمخان ئانام مەسىلىسى، كۆرىدىغانلارمۇ دۇنيا، مىنىڭ 80 ياشلىق ئانام تېخىچە ئېتىزلىقتا كەتمەن كۆتىرىپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەن پەخىرلىنىمەن: مىنىڭ خەلقىم ئەنە شۇنداق ئىشچان، ئەمگەكچان. شۇڭا ساغلام، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. مەن ئېچىنىمەن: كومپارتىيە مىنىڭ ئانىلىرىمنى گۆرگە كىرگىچە مەجبۇرى ئىشلىتىۋاتىدۇ. قان ـ تەرىنى شوراۋاتىدۇ. 50 يىلدىن بېرى ئېتىزدىن كىرمەي ئىشلەپ قىيامەتكىچە باج، ئالۋاڭ، سېلىقلىرىنى تۆگىتەلمىگەن بىچارە خەلقىم ئىشلىمەي نىمە قىلسۇن. ئەمما ھىلىغىچە نە كىيگىدەك كىيىم بولسۇن، نە يېگىدەك يىمەك؟ ئۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىقى، كومپارتىيە شۇجىسى خې ناھىيە بويىچە يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرىلىدىغان، كەلكۈن رايونىدىن كەلگەن كىنىشكىسى بار كەلگۈندىلەرنى يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن جاپاغا چىداپ، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، مەخسۇس مۇخبىرلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا ئۇيغۇر يېزىلىرىنى ئارىلاپ چىقىپ، ھېلىمخان ئانامغا كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ بىر چامىدا ئىككى پاختەك ئۇرۇش پىلانىنى تۈزىدۇ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كويۇمچان شۇجىسى بولۇپ، يەنىمۇ چوڭ ئەمەلدار بولۇش ئۈچۈن تەشۋىقات قىلدۇرۇش، يەنە بىرى، ھېلىمخان ئانامنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ يېتىمخانىسىغا سولاپ قويۇپ بالدۇراراق ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ يېرىنى ۋە ئۆيىنى يېڭى كېلىدىغان كەلگۈندى تۇققانلىرىغا ئېلىپ بېرىش.

شۇنداق قىلىپ، ھېلىمخان ئانام ئىككى خالتا ئۇنغا ئالدىنىپ، ئەجدادى ـ ئەۋلادىدىن بېرى يېرىم ياتا بولسىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان يېرىنى ۋە ئۆيىنى ئۇنى يوقلاپ كەلگەن كويۇمچان پارتكوم شۇجىسىغا تاپشۇرۇپ قويىدى. ئاگاھ بولۇڭلار قېرىنداشلار! يەر شۇنداق قولدىن كېتىۋاتىدۇ. ۋەتەنمۇ شۇنداق قولدىن كەتكەن ئىدى!!!

— ئىلتەبىر —

## ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەن شۇ

يېقىندا غۇلجا ناھىيىلىك مازار يېزىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ 3 يىللىق پىلانى بىلەن بىللە بەزى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلىرى ئېلان قىلىندى. كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ مەلۇماتلار نامراتلىقنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى ئېچىپ بىرىشتە خېلىلا ياخشى رول ئوينايدۇ. ئىختىيارى مۇخبىر ئازاد ئابدۇرېھىمنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، مازار يېزىسىدا كىشى بېشىغا توغرى كېلىدىغان ساپ كىرىمى 300 يۈەندىن تۆۋەن بولغان 268 ئائىلە ئېنىقلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە 206 ئائىلە (1252 نوپۇس) گە يوقىرىدىن 784 مىڭ يۈەن تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز بېرىلگەن. بۇ ئائىلىلەرنىڭ 5000 يۈەنلىك مەجبۇرىيەت گۆكى كەنت تەرىپىدىن كەچۈرۈم قىلىنغان.

ئالدى بىلەن 300 يۈەننى بىر ھىساپلاپ باقايلى، بىر كىشى بىر يىلدا 300 يۈەن كىرىم قىلدى دېگەنلىك، يىلدا 33 ئامېرىكا دوللارى، ئايدا 2.8 دوللار كىرىم قىلدى دېگەنلىك بولۇپ، بىر كىشى بىر كۈندە پەقەتلا بىر نان ئۈچۈن ئىشلىگەن بولىدۇ. بۈگۈن مىنىڭ بىر ئۇيغۇر دېھقىنىم بىر ئايدا، ئامېرىكا ئىشچىسىنىڭ 20 مىنۇتلۇق ئىش ھەققىگە ئىشلەيدۇ. بۇ سوتسىيالىزمنىڭ 50 يىلدىن بېرى ئۇيغۇر دېھقانلارغا ئېلىپ كەلگەن بەخت ـ سائادىتى.

دېھقان نىمە ئۈچۈن نامرات؟ مەھسۇلاتىنىڭ زورلۇق بىلەن سېتىۋېلىنىشى، باج تۈرلىرىنىڭ ۋە نىسپىتىنىڭ يوقىرىلىقى، ئىستىمال بويۇملىرىنىڭ قىممەتلىكى قاتارلىقلاردىن باشقا يەنەيوقىرىدىكى خەۋەردە پاش قىلىنغىنىدەك ۋە ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ھۆكۈمەت نامرات دېھقانلارغا ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بېرىپ ئۇلارنىڭ قەرزىنى قەۋەتلەپ ئاشۇرىۋەتكەن ۋە بۇنىڭ ئىسمىنى نامراتلارنى يۆلەش دەپ ئاتىۋالغان، يوقىرىدىكى 200 ئائىلىلىك 3600 يۈەندىن بانكا ئۆسۈملۈك قەرزىگە بوغۇلغان. بۇنى ئازدەپ دېھقانلار مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىنغان. مەجبۇرى ئەمگەككە قاتنىشالمىغانلارنىڭ گەدىنىگە قەرز يېزىلغان. يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ياكى ئەمەلدارلار دېھقاننى بىر تەرەپتىن بىكارغا ئىشلىتىپ پۇل تاپسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلىمىگەنلەرگە پۇل تۆلىتىپ يەنە كىرىم قىلىدۇ. بۇ ھالدا قەرزدىن قۇتۇلۇش تۈگۈل بارغانسىرى قەرز پاتقىقىغا پاتقان بىچارە دېھقان قانداقمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلسۇن؟



ئانا ۋەتەن ۋە رىفا پارتىيىلىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى ئەخمەت ئەندىجان ۋە نەۋزات يالچىن تاش تەبرىك سۆزى سۆزلىمەكتە.